## 30784 ـ جۇنۇپ ھالەتتە ئۇخلاشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنماستىن شۇ ھالەتتە ئۇخلاپ، بامدات ۋاقتىدا ئويغىنىپ يۇيۇنسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### ئىخچام جاۋاپ

شۇنداق، جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى ئۇخلاپ، بامدات ۋاقتىدىن ئىلگىرى يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئويغانسا بولىدۇ، لېكىن ئۇخلاشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىۋەتسە ، ئەگەر مۇمكىن بولسا يۇيۇنىۋەتسە ياخشى بولىدۇ.

### تەپسىلى جاۋاپ

شۇنداق، جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى ئۇخلاپ، بامدات ۋاقتىدىن ئىلگىرى يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئويغانسا بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنماستىن ۋە تاھارەتمۇ ئالماستىن ئۇخلايتتى». [تىرمىزى رىۋايىتى 110–ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ، تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 103 ـ نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

لېكىن ئۇخلاشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىپ يېتىش ياخشىدۇر، ئەگەر مۇمكىن بولسا يۇيۇنىۋەتسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىن نېمە ئىش قىلاتتى؟، ئۇخلاشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ ئۇخلامتى ياكى ئۇخلاپ بولۇپ يۇيۇنامتى؟ دەپ سورالغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى، بەزى ۋاقىتتا ئۇخلاشتىن ئىلگىرى يۇيۇناتتى، بەزى ۋاقىتتا تاھارەت ئېلىپ ئۇخلايتتى دەپ جاۋاپ بەرگەن». [مۇسلىم رىۋايىتى 465–ھەدىس].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: بىزدىن بەزىلەر جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىنلا يۇيۇنماي ئۇخلىسا بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، بولىدۇ، ئەگەر تاھارەت ئېلىپ ئۇخلىسا ياخشى» دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 280 ـ ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 462 ـ ھەدىس].

بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن 97437- 43307- 181351- 14225 ۋە 10319 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.